سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قايناق - تاشقىنلىق يىللىرى

# ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تېلېگراممىسى** 2006 - يىلى 10 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا «سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئائىت بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارار» ماقۇللىنىپ، 2020 - يىلغا بارغاندا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، نىشان ۋەزىپىسى، خىزمەت پىرىنسىپى ۋە مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 16 - قۇرۇلتىيىدا تۇنجى قېتىم «جەمئىيەت تېخىمۇ ئىناق بولۇش» پارتىيەنىڭ مۇھىم كۆرەش نىشانى قىلىندى. 2004 - يىلى 9 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش تارىخىي ۋەزىپىسى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 2005 - يىلى 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، خۇ جىنتاۋ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبىري كادىرلارنىڭ «سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش» مەخسۇس تېمىسىدىكى مۇھاكىمە كۇرسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى شەرھلەپ مۇنداق كۆرسەتتى: «بىز بەرپا قىلماقچى بولغان سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت دېموكراتىك - قانۇنچىل، ئادىل - ھەققانىي، سەمىمىي - دوستانە، ھاياتىي كۈچكە تولغان، تىنچ - تەرتىپلىك، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئىناق ئۆتىدىغان جەمئىيەت بولۇشى كېرەك.» 2005 - يىلى 10 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چوقۇم ياخشى تۇتىدىغان بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ۋەزىپە قىلىش كېرەك دەپ بېكىتىلدى ھەم خىزمەت تەلىپى ۋە سىياسەت، تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

مۇشۇ ئاساستا، 2006 - يىلى 10 - ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 16 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا مەخسۇس «سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا ئائىت بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارار» چىقىرىلدى. قاراردا سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە ئورنى، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، كۆرەش نىشانى ۋە ئاساسلىق ۋەزىپىسى ھەم چوقۇم ئەمەل قىلىنىدىغان توغرا پىرىنسىپ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ۋەزىپىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۈچنى بىر گەۋدە قىلىشتىن سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، سىياسىي قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت تۆتنى بىر گەۋدە قىلىشقا تەرەققىي قىلدى، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى.

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىككى جاي 3 - تۈركۈمدىكى دۆلەت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش شەھەر - ناھىيەلىرى قاتارىغا كىردى

(بېشى 1 - بەتتە)

«بۇرچىن ناھىيەسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۆلەت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيەسى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، گۈزەل ئالتاي قۇرۇشتا ياخشى باشلامچى بولدى.» ئالتاي ۋىلايەتلىك ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئىدارىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشى مۇنداق دېدى: ئۇزاقتىن بۇيان، بۇرچىن ناھىيەسى «ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىيات»تا چىڭ تۇرۇپ، «ناھىيەنى ئېكولوگىيە ئارقىلىق قۇرۇش» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ناھىيەدىكى 68 مەمۇرىي كەنتنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، دەريا (كۆل) باشلىقى تۈزۈمىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، مۇھىت ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلاپ، مۇھىت ئۇچۇرلىرىنى ئاشكارىلاش نىسبىتىنى 100%كە يەتكۈزۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ئارقىلىق 1 -، 2 -، 3 - كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا سىجىل تۈرتكە بولدى. 2020 - يىلغا بارغاندا، قابا ناھىيەسى تىرىشىپ دۆلەت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش ناھىيەسى بەرپا قىلىدۇ، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى ئالتە ناھىيە، بىر شەھەرنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش شەھەر - ناھىيەسى بەرپا قىلىدۇ.

دۆلەت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش شەھەر - ناھىيەلىرى دۆلەت ئېكولوگىيەلىك شەھەر - ناھىيەلىرىنىڭ «دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن نۇسخىسى»، شۇنداقلا شەھەر - ناھىيەلەرنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئۈنۈملۈك ۋاستىسى. 2017 - يىلدىن بۇيان، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت مىنىستىرلىقى ئىككى تۈركۈمدە دۆلەت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش شەھەر - ناھىيەسىدىن 91گە، «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتە يېڭىلىق يارىتىشتىكى 29 بازىغا نام بەردى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى تۇنجى تۈركۈمدىكى دۆلەت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش شەھەر - ناھىيەسى دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# ما جۇڭشۇ: بىر ئائىلىدىكى ساداقەتمەن ئىنقىلابىي قۇربانلار شەجەرىسى

## قەھرىمان ئاتا - بالا ئەسكەر

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خاربىن، 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر چى خۇڭشىن)** ئوت ئۆچۈرۈش ئالدىنقى سېپىدە، ئىلگىرى خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلغان سانسىزلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار مەيدانغا كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ما يۈچىڭ، ما جۇڭشۇ ئاتا - بالا ئىككىسىنىڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئوت مەيدانىدا قۇربان بولغانلىق ھېكايىسى كىشىلەرنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ.



ما جۇڭشۇنىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

1974 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ئوت ئۆچۈرۈش ئالدىنقى سېپىدىكى قەھرىمان ما يۈچىڭ خاربىن 5 - ئۈن چىقىرىش زاۋۇتىغا كەتكەن ئوتنى ئۆچۈرۈش جېڭىدە، پارتلاش يۈز بېرىپ بەختكە قارشى قۇربان بولغان. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئوغلى ما جۇڭشۇ ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەنىدى.

ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئەۋلادى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ما جۇڭشۇ كىچىكىدىنلا دادىسىنى ئۈلگە قىلىپ، خەلققە يارامۇلۇق ئادەم بولۇشقا ئىرادە باغلىغان. ئاپىسىنىڭ تەربىيەسىدە ئۇ دۇرۇس، باتۇر، ئاق كۆڭۈل بولۇشتەك پەزىلەتنى يېتىلدۈرگەن.

1988 - يىلى، ما جۇڭشۇ ئارزۇسى بويىچە ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ ئوت ئۆچۈرۈش ئەترىتىگە بېرىپ، ئۆزى كېچە - كۈندۈز ئارزۇ قىلغان ئوت ئۆچۈرۈش ئەسكىرى بولدى. ئەمدىلا ھەربىي سەپكە كىرگەنىدە، ئۇ بەنجاڭنىڭ سەپداشلارغا دادىسىنىڭ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلغانلىقى، شەرەپ بىلەن قۇربان بولغانلىقىدەك ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆزىدە بىر خىل بېسىمنىڭ، دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى ۋارىسلىق قىلغىلى بولىدىغانلىقىدەك بىر خىل بېسىم بارلىقىنى ھېس قىلدى. سەپداشلىرى ئۇنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، ھەربىر كىشى ئۇنىڭغا بولغان ئىنتايىن زور ھۆرمىتى ۋە كۆيۈنۈشىنى ئىپادىلىدى، ئۇ بۇنىڭ سەپداشلىرىنىڭ دادىسىغا بولغان ھۆرمىتىنىڭ ئۆزىنىڭ جىسمىغا يۆتكەلگەنلىكىنى بىلەتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ دادىسى ھاياتى ئارقىلىق ئېرىشكەن شەرەپنى تېخىمۇ ھەسسەلەپ قەدىرلىدى.

ئۇ دادىسىغا ئوخشاش ئوت ئۆچۈرۈش ئەسكىرى بولۇشتا، سىياسىي جەھەتتە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇپلا قالماي، يەنە بىر يۈرۈش ھەقىقىي ماھارەتنى مەشىق قىلىپ ئىگىلەش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر بىلەتتى. ئوقۇغۇچىلىقتىن كېلىپ چىققان ئۇنىڭ بويى پاكار، بەدىنى ئاجىز بولۇپ، مەشىق قىلغاندا ئىنتايىن كۆچەشكە توغرا كېلەتتى، ئەمما ئۇ قەيسەر بولۇپ، يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەيدىغان غەيرەتكە ئىگە ئىدى. مەشىق قىلىۋېرىپ بىلىكى ئىششىپ كەتتى، پۇتى ئۈرۈلۈپ جاراھەتلەندى، تاپىنىغا قانلىق قاپارتما ئۆرلەپ كەتتى، ئەمما ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بوشىشىپ كەتمىدى. دادىسىغا ئوخشاش تەن بەرمەيدىغان غەيرىتىگە تايىنىپ، ناھايىتى تېزلا ئوتتۇرا ئەترەتنىڭ كەسىپ تايانچىسىغا ئايلاندى.

ھەربىي سەپكە كىرىپ يەتتە ئايدىلا، ما جۇڭشۇ پۈتۈن شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوت ئۆچۈرۈش ئىقتىدارى بويىچە ماھارەت سىنىشىشتا ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1 - ۋە 2 - بولۇشتەك ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى، يەنە 1989 - يىلى ۋە 1990 - يىلى ئۇدا ئىككى يىل ماھارەت سىنىشىشتا ئايرىم - ئايرىم ھالدا شەخسلەرنىڭ ئومۇمىي ماھارىتى بويىچە 2 - ۋە 1 - بولۇشتەك ياخشى نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى، ئۇدا ئىككى يىل شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى. ما جۇڭشۇنىڭ قالتىس ئىپادىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ، 1991 - يىلى ئۇ ئىمتىھان بېرىشكە كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، قوراللىق ساقچى قىسىم خاربىن قوماندانلىق مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇدى ھەم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىردى. ئۇ مەكتەپتە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇش پۈتتۈردى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قىسىم ئۇنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى ئارقا سەپ بۆلۈمدە خىزمەت قىلىشقا يۆتكىمەكچى بولدى. ئەمما ئۇ تارماق ئەترەت رەھبەرلىرىنى ئىزدەپ تېپىپ، جەڭنىڭ بىرىنچى سېپىگە بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاربىن ئوت ئۆچۈرۈش تارماق ئەترىتى گۇشياڭ ئوتتۇرا ئەترىتىنىڭ مۇۋەققەت مۇئاۋىن ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقى بولۇشقا تەقسىم قىلىندى.

ما جۇڭشۇ قىسمنى باشقۇرۇشقا باش قاتۇردى، ئەسكەرلەرنى يېتەكلەش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلدى، قول ئاستىدىكىلەرگە كۆڭۈل بۆلدى، ئاسرىدى. ئۇ ئىنىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن يىغقان پۇلىنى ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار جەڭچىلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىغا پوچتىدىن ئەۋەتىپ بەردى؛ نۆلدىن تۆۋەن 30 نەچچە سېلسىيە گرادۇسلۇق سوغۇقتىمۇ ئوت كەتكەن جايدا ئۆزىنىڭ پەلىيىنى جەڭچىلەرگە بەردى، ئۆزىنىڭ قولى ئېغىر دەرىجىدە ئۈششۈپ قالدى. ئۇ تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا ئىدى، كىشىلەرگە سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى، دۇرۇس، ئوچۇق - يورۇق ئىدى، ھەممىلا جايدا ئۆزى ئۈلگە بولاتتى، رەھبەرلەر ۋە يولداشلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. جەمئىي چوڭ - كىچىك 120 قېتىمدىن ئارتۇق ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىگە قاتنىشىپ، باشتىن - ئاخىر سەپنىڭ ئالدىدا ئاتاكىغا ئۆتۈپ، خەتەرنى ئۆزىگە قالدۇرۇپ، ھايات قېلىش ئۈمىدىنى سەپداشلىرىغا قالدۇرغانىدى.

1993 - يىلى 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سەھەر سائەت 3تە، خاربىن شەھىرىنىڭ داۋلى رايونى چېڭئېن يولى 1 - نومۇرغا جايلاشقان سۇڭخۇاجياڭ ۋىلايەتلىك ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش - سەپلەش زاۋۇتىنىڭ ماشىنا رېمونت سېخىدا چوڭ ئوت ئاپىتى يۈز بەردى.

نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان ما جۇڭشۇ ئوت ئاپىتى سىگنالىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال جەڭچىلەرنى باشلاپ نەق مەيدانغا ئاتلاندى. شۇ ۋاقىتتا قاتتىق بوران چىقىۋاتقان بولۇپ، زور ئوت بوراننىڭ كۈچى بىلەن تېز يامرىدى، سېخ ئىچىنى قويۇق ئىس - تۈتەك، دەھشەتلىك ئوت قاپلىۋالغان بولۇپ، ئاپتوموبىل ماي باكلىرىنىڭ پارتلاش ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەگەر بۇ ۋاقىتتا ئوت ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنمىسە، زور ئوت سېخ بىلەن تام قوشنا بولغان، بوران يۆنىلىشىگە جايلاشقان 40 توننا بېنزىن ساقلانغان ماي ئىسكىلاتى ۋە قىممىتى غايەت زور بولغان ماتېرىيال ئىسكىلاتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ئېغىر تەھدىت سالاتتى.

ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي ئىدى، ما جۇڭشۇ نەق مەيدانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس قىلىپ، ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلىنى باشلاپ بوران يۆنىلىشىدىكى ماي ئىسكىلاتىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ، ئوت يانغىنىنى بىۋاستە توسۇپ، ماي ئىسكىلاتى ۋە ماتېرىيال ئىسكىلاتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى. ما جۇڭشۇ باشتىن - ئاخىر ئەڭ ئالدىنقى سەپتە جەڭ قىلىپ، دەھشەتلىك ئوتقا قارىماي جاسارەت بىلەن ئوت يانغىنىنىڭ يامراپ كېتىشىنى توسۇپ، ئىككى سائەت پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىش ئارقىلىق ئاخىر ئوت يانغىنىنى تىزگىنلىدى. ئوت يانغىنىنى مۇھاسىرىگە ئېلىشقا تەييارلىنىۋاتقان پەيتتە، ما جۇڭشۇ تۇرۇشلۇق ئوتتۇرا ئەترەت ئىستىھكامىدا سۇ بىلەن تەمىنلەشتە جىددىيلىك كۆرۈلدى. ئوت مەيدانىغا سۇ ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئوتنى تەلتۆكۈس ئۆچۈرۈش ئۈچۈن، ما جۇڭشۇ ۋاقتىدا ئاپتوموبىلغا سۇ قاچىلاشنى تەشكىللىدى ھەم ئۆزى ئاپتوموبىلنى ئەيدىبېڭدۇن يولى چوڭ كۆۋرۈكى يېنىدىكى سۇ مۇنارىغا ئېلىپ كېلىپ سۇ قاچىلىدى.

تاڭ قاراڭغۇسىدا، بىر چوڭ يۈك ئاپتوموبىلى ئىنتايىن تېز سۈرئەتتە كېلىۋاتاتتى، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلغا سۇ قاچىلاشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ما جۇڭشۇ كەينى تەرەپتىن ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان چوڭ يۈك ئاپتوموبىلىنى قىلچە بايقىمىدى. بىر ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئەۋلادى، ياش ئوت مۇداپىئە قوماندانى ئاپتوموبىل سوقۇۋېتىپ، قان ئىچىدە قۇربان بولدى.

19 يىل ئىلگىرى، دادىسى ئوت مەيدانىدا قەھرىمانلارچە يىقىلغانىدى؛ ئارىدىن 19 يىل ئۆتۈپ ئوغلىمۇ ئوت مەيدانىدا قەھرىمانلارچە يىقىلدى.

1993 - يىلى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ما جۇڭشۇ خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلاندى. 2009 - يىلى، يەنە خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى تەرىپىدىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 60 يىلدىن بۇيان خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قوغداش سېپىدىكى ئەڭ تەسىر كۈچكە ئىگە قەھرىمان نەمۇنىچى شەخس، دەپ باھالاندى.

ما يۈچىڭ، ما جۇڭشۇ ئاتا - بالىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشتەك بىر ئائىلىدىكى ئىككى ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ھېكايىسى كىشىلەرنى مەڭگۈ ئىلھاملاندۇرماقتا.

## زىبېك فۇشىڭ:

# ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتى بەدىلىگە بىر تەرەپنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چېڭدۇ، 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى خۇاليياڭ)** سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ مېيەنياڭ شەھىرى پىڭۋۇ ناھىيەسى بېيشەن باغچىسى «مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى 2 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» زىبېك فۇشىڭ بۇ جايدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە بىر خەلق ساقچىسىنىڭ سادىق، ئەمەلىي ئىشلەش ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

زىبېك فۇشىڭ، 1951 - يىلى 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تۇغۇلغان، 1974 - يىلى 4 - ئايدا پىڭۋۇ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە تاللاپ يۆتكەپ كېلىنگەن، 1982 - يىلى 8 - ئايدا ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن جىداۋيۈەنى بولغان، 1985 - يىلى 2 - ئايدا جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ جىداۋيۈەنى بولغان، 1989 - يىلى 2 - ئايدا ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى دەرىجىلىك رازۋېدچىكى بولغان.

خىزمەتتە ئۇ ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان بولۇپ، ئىلگىرى سەككىز قېتىم ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغانىدى. 1975 - يىلى يازدا، ئۇ سەپدىشى بىلەن ئېغىر دەرىجىدە چىرىپ كەتكەن بىر جەسەتنى تەكشۈردى، جەسەتنىڭ يېرىمى سۇغا چىلىنىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇ قەتئىيلىك بىلەن دەرياغا چۈشۈپ جەسەتنى قىرغاققا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ ئوپېراتسىيە پىچىقى بىلەن يېرىپ، بەدبۇي پۇراققا چىداپ تەپسىلىي تەكشۈردى.

خىزمەتتە كۆرۈلگەن تۈرلۈك - تۈمەن مۇرەككەپ ئەھۋال ئالدىدا، زىبېك فۇشىڭ باشتىن - ئاخىر ئومۇم بىلەن شەخسنى ئېنىق ئايرىپ، پاك - دۇرۇس بولدى. 1988 - يىلى 7 - ئايدا، ئۇنىڭ نەۋرە تاغىسى ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ھايىنىغا سېتىشقا قاتناشقان جىنايى ھەرىكىتى بىلەن يىغىۋېلىنىپ سوراق قىلىندى. زىبېك فۇشىڭنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ مەسىلىسىنى تاپشۇرۇشنى رەت قىلىپلا قالماي، يەنە تايانچىم بار دەپ قورقماي، ئۇرۇش - جېدەل چىقارسام قويۇپ بېرىدۇ، دەپ ئويلىدى، بىراق زىبېك فۇشىڭ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى: «سەن مېنىڭ تۇغقىنىم، ھازىر جاۋابكار، سېنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولۇڭ ياۋاشلىق بىلەن مەسىلەڭنى تاپشۇرۇش».

خىزمەتداشلىرىغا ئۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. 1989 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ۋەزىپە ئىجرا قىلىۋاتقان نەچچە كادىر - ساقچى كەلكۈندە قاملىپ قالدى، ئۇ شارقىراپ يېغىۋاتقان قاتتىق يامغۇرغا قارىماي، ياردەم بەرگۈچى يولداشلارنى باشلاپ يېتىپ بېرىپ، ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي سەپداشلىرىنى قۇتقۇزدى. ئايال خەلق ساقچىسى سىرتقا ئۆگىنىشكە چىقىپ كەتكەندە، ئېرى دائىم كاماندىروپكىغا چىقاتتى، بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم يوق ئىدى، ئۇ بۇ خەلق ساقچىسىنىڭ بالىسىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ كۆڭۈل قويۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى.

1993 - يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، بىر قارا نىيەت ئۆزىنىڭ دادىسىنى ئۇرغاچقا يېزا كادىرى تەرىپىدىن تەنقىدلەندى، ئۇ كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ، ئۆچ ئالماقچى بولۇپ، يېزا كادىرىنىڭ خوتۇنىغا پىچاق تىقىپ ئېغىر يارىلاندۇرغاندىن كېيىن قېچىپ كەتتى، زىبېك فۇشىڭ بۇيرۇق بويىچە كادىر - ساقچىلارنى باشلاپ جىنايى ئىشلارنى رازۋېدكا قىلىش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى. دېلو بېجىرىش سەپىرىدە، زىبېك فۇشىڭ يولدا قارا نىيەت دەپ گۇمان قىلغان بىر ئادەمنى ئۇچراتتى. ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىنىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكىنى، كىيىمىدە قان دېغى بارلىقىنى كۆرۈپ ساقچىلار ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سۈرۈشتۈردى. بۇ ئادەم قارا نىيەتنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، ئۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چاپىنىنى قايرىدى، بىردىنلا ئەتراپنى ئىس - تۈتەك قاپلىدى. زىبېك فۇشىڭ ئوقتەك ئېتىلىپ ئالدىغا بېرىپ سەپدىشىنى ئىتتىرىۋېتىپ، قارا نىيەتنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، قاتتىق ئاۋاز بىلەن تەڭ زىبېك فۇشىڭ قانغا مىلىنىپ يىقىلدى. ئالتە سەپدىشىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن ئۇ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى.

1993 - يىلى 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى زىبېك فۇشىڭغا «مەملىكەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى سېپىدىكى 2 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دەپ تولۇقلاپ نام بەردى، 1993 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، سىچۈەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى ئىنقىلابىي قەھرىمان، دەپ تەستىقلىدى.

پىڭۋۇ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سىياسىي باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى ۋېي لىلىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىغا ئاساسلانغاندا، ھەر يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى كۆپچىلىكنى ئىنقىلابىي قۇربان زىبېك فۇشىڭنىڭ قەبرىسىنى يوقلاشقا تەشكىللەيدىكەن، بۇ ئادەتكە ئايلانغان. «ئۇنىڭ بىلەن بىر جەڭگىۋار كوللېكتىپتا بىللە بولالىغانلىقىمىزدىن بىز چوڭقۇر پەخىرلىنىمىز ۋە شەرەپ ھېس قىلىمىز، زىبېك فۇشىڭنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى بىزنى ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەشكە چوڭقۇر ئىلھاملاندۇرىدۇ» دېدى ۋېي لىلىڭ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياك كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)